شىنجاڭ گېزىتى

2019 - يىل 6 - ئاي
25
سەيشەنبە
维吾尔文 6月25日

شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى: CN 65-0002/-W
新疆日报网: www.xjdaily.com

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1-57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24737 - سان بۈگۈن 4 بەت

شى جىنپىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ 14 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدۇ

دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى جۇڭگو، چەت ئەل تاراتقۇلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزۈپ ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى(مۇخبىرلار **ياڭ يىجۈن، پەن جېي**) دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقى 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى جۇڭگو، چەت ئەل تاراتقۇلىرىنى خەۋەرلەندۈرۈش يىغىنى ئۆتكۈزدى. جۇڭگو تەرەپنىڭ 20 دۆلەت گۇرۇھى(G20) ئىشلىرىنى ماسلاشتۇرغۇچىسى، دىپلوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مىنىستىر ياردەمچىسى جاڭ جۈن، مالىيە مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى زوۋ جىيايى، سودا مىنىستىرلىقىنىڭ مۇئاۋىن مىنىستىرى، قوشۇمچە خەلقئارا سودا سۆھبىتىنىڭ مۇئاۋىن ۋەكىلى ۋاڭ شوۋېن، خەلق بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن بانكا باشلىقى چېن يۈلۇ دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭنىڭ پات ئارىدا 20 دۆلەت گۇرۇھى رەھبەرلىرىنىڭ 14 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنىغا قاتنىشىدىغانلىقىغا ئالاقىدار ئەھۋاللارنى تونۇشتۇردى ھەم مۇخبىرلارنىڭ سوئالىغا جاۋاب بەردى.

جاڭ جۈن مۇنۇلارنى بىلدۈردى: G20 رەھبەرلىرىنىڭ 14 - قېتىملىق باشلىقلار يىغىنى 6 - ئاينىڭ 28 - كۈنىدىن 29 - كۈنىگىچە ياپونىيەنىڭ دابەندە ئۆتكۈزۈلىدۇ.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىن ئاچتى

«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتى نىزامى» ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يېزا خىزمىتى نىزامى» قاراپ چىقىلدى

جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

■ **ئاپپارات ئىشتاتى بايلىقى مۇھىم سىياسىي بايلىق، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش بايلىقى، ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاپپارات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش بايلىقى تەقسىماتىنى ئەلالاشتۇرۇش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رولنى جارى قىلدۇرماقتا. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتى نىزامى»نىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشى پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇن - نىزام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاپپارات ئىشتاتىنى قانۇنلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش، ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.**

■ **«جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يېزا خىزمىتى نىزامى»نى تۈزۈش پارتىيەنىڭ يېزا خىزمىتىنى باشقۇرۇش ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى ئەۋج ئالدۇرۇش، يېزا ئىگىلىكى، يېزىلارنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپ، پارتىيەنىڭ يېزا خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ، پارتىيەنىڭ يېزىلاردىكى ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى مۇستەھكەملەپ، يېڭى دەۋر يېزا خىزمىتىدە باشتىن - ئاخىر توغرا سىياسىي يۆنىلىشنى ساقلاشتا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشتا ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.**

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى يىغىن ئېچىپ، «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتى نىزامى» ۋە «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ يېزا خىزمىتى نىزامى»غا قاراپ چىقتى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: ئاپپارات ئىشتاتى بايلىقى مۇھىم سىياسىي بايلىق، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش بايلىقى، ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتى پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيە سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، ئاپپارات ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش بايلىقى تەقسىماتىنى ئەلالاشتۇرۇش جەھەتتە ئىنتايىن مۇھىم رولنى جارى قىلدۇرماقتا. «جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسىنىڭ ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتى نىزامى»نىڭ تۈزۈلۈشى ۋە يولغا قويۇلۇشى پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ قانۇن - نىزام تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئاپپارات ئىشتاتىنى قانۇنلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىش، ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتىنىڭ سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشتە ناھايىتى مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: يېڭى دەۋردە ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ئاپپارات ئىشتاتى خىزمىتىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرى ئومۇمىي ۋەزىيىتىگە مۇلازىمەت قىلىشىدا چىڭ تۇرۇپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، دۆلەتنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئالغا سىلجىتىشنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەت ئاپپاراتلىرىنىڭ فۇنكسىيەسىنى ئەلالاشتۇرۇش، ماسلاشتۇرۇش، يۇقىرى ئۈنۈملۈك قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشنى كۈچەش نۇقتىسى قىلىپ، ئاپپارات تەسىس قىلىشنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، فۇنكسىيەنىڭ تەقسىملىنىشنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئۈنۈم ۋە ئۈنۈم ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى كۈچلۈك تۈزۈم ۋە تەشكىلىي كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «ئۇقتۇرۇش» بېسىپ تارقاتتى

1- تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدە ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش كېرەك

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى تېلېگراممىسى يېقىندا مەركەز «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى «1- تۈركۈمدىكى باش تېما تەربىيەسىدە ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش خىزمىتىنى ياخشى تۇتۇش توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش»نى بېسىپ تارقىتىپ، ھەرقايسى رايونلار، ھەرقايسى تارماقلار، ھەرقايسى ئورۇنلاردىن ئۆز ئەمەلىيىتىگە بىرلەشتۈرۈپ، ئۇسۇل ئۈستىدە ئىزدىنىپ، شەكىلدە يېڭىلىق يارىتىپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت تۆت تۈرلۈك ئۇقتىلىق تەدبىرنى تۇتاشتۇرۇپ، ئورگانىك يۇغۇرۇشنى، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىشنى تەلەپ قىلدى.

ئۇقتۇرۇشتا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇشنى باش تېما تەربىيەسىنىڭ ئاساسىي لىنىيەسى قىلىپ، ئۆگىنىش - تەربىيە، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش، مەسىلىنى تەكشۈرۈش - كۆزىتىش، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ ھەرقايسى جەھەتلىرىدە نامايان قىلىش كېرەك. ئۆگىنىش - تەربىيەدە شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى چۈشىنىپ ئۆگىنىش، تولۇق ئۆزلەشتۈرۈش، ئەمەلىي ئىشلەشنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ پۈتۈن جەريانغا سىڭدۈرۈپ، چوڭقۇر ئۆگىنىپ ئىنچىكە ئۆزلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە سىڭىشتۈرۈپ پۇختا قىلىپ، مەسئۇلىيەتنى زىممىگە ئېلىپ ئۆگىنىپ، مەسىلىنى تۇتۇپ ئۆگىنىپ، باش تېما تەربىيەسىنىڭ نىشان - ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك. تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشتا، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم يوليورۇقى، تەستىقىنىڭ روھى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر - ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى زىچ چۆرىدەپ، بىر تەرەپتىن تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆگىنىپ، بىر تەرەپتىن سېلىشتۇرۇپ تەكشۈرۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىش داۋامىدا چۈشىنىش ۋە ھېس قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، نەزەرىيەنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈش جەريانىدا مەسىلىنى ھەل قىلىش چارە - تەدبىرلىرىنى ئىزدەش كېرەك.

(ئاخىرى 2 - بەتتە)

شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى

مۇخبىرىمىز **جاۋ جىيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ دائىمىي يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئاچتى، يىغىندا 2019 - يىللىق ئاپتونوم رايوننىڭ چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرگە «تىيانشان مۇكاپاتى» بېرىش توغرىسىدىكى ئالاقىدار ئىشلار تەتقىق قىلىندى.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشقان مۇنەۋۋەر چەت ئەللىك مۇتەخەسسىسلەرنى تەقدىرلەش، ئۇلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقىنى تولۇق قوزغاش، خەلقئارادىكى ئالماشتۇرۇش ۋە ھەمكارلىقنى ئىلگىرى سۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى 1999 - يىلى «تىيانشان مۇكاپاتى» تەسىس قىلىپ،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شاۋكەت ئىمىن «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى

مۇخبىرىمىز **لياڭ لىخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە، 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى چۈشتىن بۇرۇن ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، مۇدىر شاۋكەت ئىمىن «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى مەخسۇس تېمىلىق پارتىيە دەرسى دوكلاتى بەردى. ئاپتونوم رايونلۇق خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى ئورگىنىدىكى پارتىيە ئەزالىرى - كادىرلار، ئىشچى - خىزمەتچىلەر دوكلاتنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىدى.

شاۋكەت ئىمىن مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بۇ يىل جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقى، شۇنداقلا پارتىيەمىزنىڭ پۈتۈن مەملىكەتتە ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈۋاتقانلىقىنىڭ 70 - يىلى،

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سېپى
新疆头条 APP
微信公众号
新疆日报网
天山网 APP

6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، ئارتىسلار نومۇر ئورۇنلىماقتا. شۇ كۈنى، «تارىخىي داستان نۇرى . بۈركۈتلەر ئۇچرىشىشى» 2019 - يىللىق ئاقچى ناھىيەسىنىڭ ساياھەت پەسلىنى قوزغىتىش مۇراسىمى ئاقچى ناھىيەسىنىڭ سومتاشتىكى كۆكتوقاي سۇلۇق يايلاقتا ئۆتكۈزۈلدى. ☐مۇخبىرىمىز ئۆتكۈر نەجاد فوتوسى

شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە
—— يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھپە

«ئۈرۈمچى، سانجى، تۇرپان، شىخەنزە، قاراماي» مەدەنىيەت - ساياھەت يۇغۇرما، ماس تەرەققىياتىدا ئورتاق تونۇش ھاسىل قىلىندى

كۈچنى بىرىكتۈرۈپ پۈتۈن رايون ساياھىتى ئۈلگە كۆرسىتىش رايونى بەرپا قىلىش

«100 كۈنلۈك تىيانشان ساياھىتى. بىر كىنىشكا بىلەن بەش جايغا نەپ يەتكۈزۈش» ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى يولغا قويۇلدى

مۇخبىرىمىز **جاۋ چۈنخۇا** خەۋەر قىلىدۇ: «قارامايدىكى سىرلىق تۈسكە تولغان دۇنيا ئالۋاستى شەھىرىدىن تۇرپاندىكى ئەڭ مەشھۇر ياللىقۇنتاغقىچە، يەنە گۈزەل جامبۇلاقچە بولغان ھەربىر مەنزىرە نۇقتىسى كىشىنى ئۆزىگە كۈچلۈك جەلپ قىلىدۇ!» 6 - ئاينىڭ 24 - كۈنى، «100 كۈنلۈك تىيانشان ساياھىتى. بىر كىنىشكا بىلەن بەش جايغا نەپ يەتكۈزۈش» ئەلگە نەپ يەتكۈزۈش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن كېيىنكى تۇنجى ساياھەت ئۆمىكىنىڭ ئەزالىرىدىن بىرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، سانجى شەھىرى بېيجىڭ جەنۇبىي يولى كوچىسى ۋۇسەي شىنچېڭ مەھەللىسىنىڭ مۇنەۋۋەر پېدائىيلار ۋەكىلى فەن گۈيچۈەن ساياھەت ئۆمىكىدىكى باشقا 99 ئەزا بىلەن بىرلىكتە گۈزەل شىنجاڭنى ساياھەت قىلىش سەپىرىگە ئاتلاندى.

(ئاخىرى 3 - بەتتە)

نەزەرىيە ئۆگىنىشتە ئۈنۈم ھاسىل قىلىش ئىدىيەۋى - سىياسىي جەھەتتە تاۋلىنىش

—— ئاپتونوم رايوندىكى ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلار «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۇختا ئالغا سىلجىتتى

ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي
بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش

☐**مۇخبىرىمىز جاڭ يەنفاڭ**

نەزەرىيەدە سەگەك بولغاندىلا، سىياسىيدا قەتئىي بولغىلى بولىدۇ.

ئۇدا بىر قانچە كۈندىن بۇيان، ئاپتونوم رايوندا 1- تۈركۈمدە «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە قاتناشقان 94 تارماق، ئورۇن باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسى خىزمىتى يىغىنىدىكى مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى كەم - كوتسىز ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نەزەرىيە ئۆگىنىشنى ياخشى تۇتۇشنى مۇھىمنىڭ مۇھىمى قىلىپ، ئەستايىدىللىق بىلەن ئەسلىي ئەسەرنى ئوقۇپ، ئەسلىي تېكىستنى ئۆگىنىپ، قانۇنىيىتىنى چۈشىنىپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ساقلاپ، بۇرچنى زىممىگە ئېلىش، پەرقلەرنى تېپىپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى تۇتۇش» ئومۇمىي تەلىپىنى چۆرىدەپ چوڭقۇر مۇھاكىمە قىلىپ، ئۆگىنىش، پىكىر يۈرگۈزۈش، قوللىنىشنى تۇتاشتۇرۇشتا، بىلىش بىلەن قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، نەزەرىيە ئۆگىنىش ئەمەلىي ئۈنۈمىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش،

(ئاخىرى 4 - بەتتە)